## روزا ھېيت خۇتبىسى-- روزا ھېيتتا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئون نۇقتا

- اسم الخطيب : ماجد بن سليمان الرسي
- عنوان الخطبة : خطبة عيد الفطر—-عشر وقفات مع عيد الفطر
- اللغة المترجم إليها : الأيغورية
- اسم المترجم : ع. الصديق
- عنوان المترجم (البريد الإلكتروني) : fikhsunnah998@gmail.com
- موقع القناة بتلجرام : https://t.me/+xQ5TA4qtwkgzM2I0

- خۇتبە سۆزلىگۈچىنىڭ ئىسمى : ماجىد ئىبنى سۇلەيمان ئەر-رەسسى
- خۇتبىنىڭ ماۋزۇسى : روزا ھېيت خۇتبىسى-- روزا ھېيتتا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئون نۇقتا
- خۇتبە تەرجىمە قىلىنغان تىل : ئۇيغۇر تىلى
- تەرجىمە قىلغۇچى : ئا. سىددىق
- تەرجىماننىڭ ئېلخەت ئادرىسى : fikhsunnah998@gmail.com
- تىلگىرامدىكى مەخسۇس قانال : https://t.me/+xQ5TA4qtwkgzM2I0

## بىرىنجى خۇتبە

جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك: ئەڭ ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. ئەڭ ياخشى يول مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ يولىدۇر. ئەڭ يامان ئىشلار دىندا پەيدا قىلىنغان يېڭىلىقلاردۇر. ھەر قانداق يېڭىلىق بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەر قانداق ئازغۇنلۇق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ.

1-ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار، ئىسلامنىڭ مۇستەھكەم تۇتقىسىنى چىڭ تۇتۇڭلار. رامىزان ئېيىنىڭ تاماملانغانلىق نېمىتى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىڭلار. بۇ ھەقىقەتەن كاتتا نېمەتتۇر. رەببىڭلار: (وَلِتُكْمِلُواْ الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ اللّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ ولعلكم تشكرون) "روزا كۈنلىرىنىڭ سانىنى تولۇقلىشىڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر" دېگەن. مانا بىز روزا كۈنلىرىنىڭ سانىنى تولۇقلىدۇق، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ تەكبىر ئېيتتۇق، ئەمدى بىزگە شۈكۈر ئىبادىتى قالدى.

2- ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ: "ساناقلىق كۈنلەر" دېگىنى راست بولدى. بۇ كۈنلەر نېمدېگەن تېز ئۆتۈپ كەتتى! ئۇنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدىڭلارمۇ؟ قانداق تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟

3- ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۇبارەك بولسۇن! روزا تۇتتۇڭلار، كېچىلىرى قىيامدا تۇردۇڭلار، ئاينىڭ ئاخىرىغا يەتتىڭلار. نۇرغۇن كىشىلەر ئاينىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەي ۋاپات بولدى. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ھەمدىلەر بولسۇن!

4- ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلامنىڭ رۇكنلىرىدىن بىرى بولغان رامىزان روزىسىنى تاماملاش بىلەن كېلىدىغان ھېيت كۈندىكى خۇشاللىق سىلەرگە مۇبارەك بولسۇن. سىلەر ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ئاللاھنى يالغۇز دەپ، تەكبىر ئېيتىۋاتىسىلەر. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشىلىقلىرىڭلار كۆپەيدى، گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈلدى، دەرىجەڭلار كۆتۈرۈلدى.

5- ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىدىن ئىككى چوڭ ئىبادەتتىن كېيىن بىزگە ئىككى ھېيتنى بۇيرۇدى: روزىمىزنى تاماملىغاندىن كېيىن روزا ھېيت، ھەج پائالىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تاماملىغاندىن كېيىن قۇربان ھېيت.بىزنىڭ ھېيتلىرىمىز دىن ۋە ئىبادەتتۇر. ناماز ئوقۇش ۋە تەكبىر ئېيتىشتۇر، زاكات ۋە پىتىر سەدىقىلىرىنى ئادا قىلىشتۇر، خۇشاللىق ۋە سىلە-رەھىم، زىيارەت ۋە مۇھەببەت، كەچۈرۈم ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى ئۇنتۇشتۇر. كىمنىڭ تۇغقىنى ياكى دوستى بىلەن ئۆچمەنلىكى ياكى ئارىسى ئۈزۈلگەن

بولسا، ھېيت كۈننى پۇرسەت قىلىپ مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

6- ئى مۆمىنلەر! بىزنىڭ ھېيتىمىز باشقىلارنىڭ ھېيتىغا ئوخشىمايدۇ. مۇشرىكلار ۋە ئازغۇنلارنىڭ ھېيتى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ۋە ئاللاھتىن يىراقلىشىشىنىلا زىيادە قىلىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بۇ رەھمەتلەر بىلەن خۇشال بولۇڭلار. ئاللاھ: (قُلْ بِفَضْلِ اللّهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فليفرحوا) "ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن خۇشال بولسۇن" دېگەن. ئاللاھتىن تېخىمۇ كۆپ تىلەڭلار.

7- ئى مۇسۇلمانلار! چىرايلىق كىيىنىڭلار، زىننەتلىنىڭلار ۋە خۇشپۇراق چېچىڭلار. ئىمام مالىك: "ئالىملارنىڭ ھەر ھېيتتا خۇشپۇراق چېچىش ۋە زىننەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم"[1] دېگەن.

ئى مۆمىنلەر! ئۆيلىرىڭلارنى ۋە قەلبىڭلارنى ئېچىڭلار. بىر-بىرىڭلارغا رامىزاندىكى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا دۇئا قىلىڭلار. بىر-بىرىڭلارنى تەبرىكلەڭلار. ساھابىلار بىر-بىرىگە: "ئاللاھ بىزدىن ۋە سەندىن قوبۇل قىلسۇن" دەيتتى.

8- ئى مۇسۇلمانلار! ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى كەچۈرۈش ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتلەردىندۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا چەكسىز مۇكاپات بەلگىلىگەن: (فمن عفا وأصلح فأجره على الله) "كىمكى كەچۈرسە ۋە ياراشتۇرسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھنىڭ مەسئۇلىيىتىدىدۇر" دېگەن. ئەجرنى ۋەدە قىلىپ، مىقدارىنى بەلگىلىمىگەن، بۇ ئۇنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى مۆمىنلەر! نەپسنى تازىلاش ۋە پاكلاش ئەڭ ئەۋزەل ئىتائەتلەردىندۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتنى باغلاپ: (قد أفلح من زكاها * وقد خاب من دساها) "نەپسنى پاكلىغان كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، نەپسنى بۇلغىغان كىشى زىيان تارتتى" دېدى.

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ھېيتنىڭ خۇشاللىقىنى ئاشۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش، يېڭىلاش ۋە كۈچەيتىشتۇر. يىل داۋامىدا كۆڭۈللەردە يىغىلىپ قالغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاشتۇر. ھېيتنى پۇرسەت قىلىپ ئايرىلىپ كەتكەن ئەر-ئايالنى ياراشتۇرغان، يىراقلاشقان قەلبلەرنى يېقىنلاشتۇرغان، شۇ ئائىلە پەرزەنتلىرىگە قايتىدىن

---

[1] ئىبنى رەجەبنىڭ بۇخارىغا قىلغان شەرھى (6\68)، ئىبنى جەۋزى نەشرىياتى نەشرى – دەممام.

بەخت ئاتا قىلىشقا سەۋەبچى بولغان، ياكى قان دەۋاسىنى كەچۈرگەن، ياكى قەرزنى ئەپۇ قىلغان، ياكى تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئۈزۈلگەن ئالاقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن كىشى نېمىدېگەن بەختلىك.

ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ ئايلىق ئىبادەتنى تاماملاش ۋە ھېيتقا يېتىش نېئمىتىنى نېئمىتىنى بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈن سىلىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. بۇ نېئمەتلەرنى بىزگە ئۈزلىرىگە ئىتائەت قىلىشىمىزدا ياردەمچى قىلغايلا. ئى ئاللاھ، بىزگە سېلىنىڭ مۇھەببەتلىرىنى ۋە بىزنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق ئەمەلنىڭ مۇھەببىتىنى نېسىپ قىلغايلا. مېنىڭ دىمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇلار شۇ، ئۆزۈم ھەم سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، سىلەرمۇ ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىباندۇر.

## ئىككىنچى خۇتبە

جىمى ھەمدۇ-سانا يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغان زاتقا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بىلىڭلاركى -ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن- ، ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ئاللاھنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۇچراتقان كۈندە بولىدۇ. ئاللاھ: "ئى جەننەت ئەھلى!" دەيدۇ. ئۇلار: "لەببەيكە رەببىمىز!" دەيدۇ. ئاللاھ: "رازى بولدۇڭلارمۇ؟" دەيدۇ. ئۇلار: "قانداقمۇ رازى بولمايمىز، سەن بىزگە مەخلۇقاتلىرىڭدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بەردىڭ" دەيدۇ. ئاللاھ: "مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسە بېرىمەن" دەيدۇ. ئۇلار: "ئى رەببىمىز! بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نېمە بار؟" دەيدۇ. ئاللاھ: "سىلەرگە رازىلىقىمنى ھالال قىلىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپلەنمەيمەن" دەيدۇ.[1]

9- ئى مۆمىنلەر! رامىزان ھاياتلىق يولىنى تۈزىتىش، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق كۈچەيتىش پۇرسىتىدۇر. ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرايلى، چۈنكى ئىبادەت رامىزاننىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ: (وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى (6549) ۋە مۇسلىم (2829) ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

يَأْتِيَكَ الْيَقِين) "ئۆلگىچە رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلىنغىنىدۇر" [1] دېگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! رامىزاندىن كېيىن ياخشى ئەمەلنى داۋاملاشتۇرۇش تەۋپىق ۋە ئەمەلنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەمما ئەمەلنى پەقەت مەۋسۇملەرگىلا چەكلەش ئىلمىنىڭ ئازلىقى ۋە تەۋپىقنىڭ ئازلىقىنى كۆرسىتىدۇ. رامىزاننىڭ رەببى بارلىق ئايلارنىڭ رەببىدۇر. سەلەپلەردىن بىرى رامىزاندا ئىبادەتكە تىرىشىپ، باشقا ۋاقىتلاردا تاشلاپ قويىدىغانلار ھەققىدە سورالغاندا: "ئۇلار نېمىدېگەن يامان قەۋم، ئۇلار ئاللاھنى پەقەت رامىزاندىلا تونۇيدىكەن" دېگەن.

ئى مۆمىنلەر! مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئەۋزەل سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولۇشتۇر. ئىتائەت قىلىش ئىبادەتتە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتۇر. ئاللاھ ئىتائەت قىلغۇچىلارنى ماختاپ: (إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَالْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْقَانِتِينَ وَالْقَانِتَاتِ وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ وَالصَّابِرِينَ وَالصَّابِرَاتِ وَالْخَاشِعِينَ وَالْخَاشِعَاتِ وَالْمُتَصَدِّقِينَ وَالْمُتَصَدِّقَاتِ وَالصَّائِمِينَ وَالصَّائِمَاتِ وَالْحَافِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَالْحَافِظَاتِ وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا) "شۈبھىسىزكى، ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار، ئەر-ئايال مۆمىنلەر، ئىتائەت قىلغۇچى ئەر-ئاياللار، راستچىل ئەر-ئاياللار، سەۋرچان ئەر-ئاياللار، كەمتەر ئەر-ئاياللار، سەدىقە بەرگۈچى ئەر-ئاياللار، روزا تۇتقۇچى ئەر-ئاياللار، ئەۋرەتلىرىنى ساقلىغۇچى ئەر-ئاياللار، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەر-ئاياللار - ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر تەييارلىدى" دېگەن.

10- ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! رامىزاندىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇش مۇستەھەب سۈننەتتۇر. ئاللاھ بۇنىڭغا كاتتا ئەجىر بەلگىلىگەن. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئاندىن شەۋۋالدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقاندەك بولىدۇ" [2] دېگەن.

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى (6549) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم (1164) ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

شەۋۋالدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىم ھېكمەتلىرىدىن بىرى، رامىزاندىكى پەرز روزىدا يۈز بەرگەن كەمچىلىكنى تولۇقلاشتۇر. چۈنكى روزىدار كىشىدە پەرز روزىغا تەسىر قىلىدىغان كەمچىلىك ياكى گۇناھ يۈز بېرىشتىن خالىي بولمايدۇ، نەپلە روزا بۇ كەمچىلىكنى تولۇقلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا روزا ھېيتتا مۇسۇلمان كىشى ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئون نۇقتا بايان قىلىندى. بۈنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھېيتى پەقەت ئادەتلا ئەمەس، بەلكى ئىبادەت بولىدۇ.

ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى ۋە ئىشلىرىمىزدىكى ئىسراپچىلىقىمىزنى كەچۈرگەيلا. بىزنى دوزاختىن ئازاد قىلغانلاردىن قىلغايلا. ئى ئاللاھ، جەننەتنى بىزنىڭ ئورنىمىز ۋە فىردەۋسنى بىزنىڭ ماكانىمىز قىلغايلا. بىزنى ھېسابسىز ۋە ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزگەيلا، ئى كەرەملىك ۋە سېخى ئاللاھ. ئى ئاللاھ، بىزنى دوزاختىن ئازات قىلغايلا، بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن خۇددى ئانىلىرىمىز بىزنى تۇغقان كۈندىكىدەك پاكىز قىلىۋەتكەيلا. ئى ئاللاھ! بۇ جامائەتنى پەقەت گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان، ئەملى مەقبۇل، تىرىشچانلىقى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنغان  ھالدىلا ئايرىغايلا. ئى ئاللاھ، بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى بىخەتەر، خاتىرجەم، مول ۋە باياشات قىلغايلا. ئى ئاللاھ، ھېيتىمىزنى كۆڭۈللۈك، تۇرمۇشىمىزنى باياشات قىلغايلا. بىز ۋە مۇسۇلمانلارنى ساغلام-ساق، تىنچ-ئامان ھالەتتە ئىبادەت ۋە بەرىكەت مەۋسۇملىرىغا يەنە ئېرىشتۈرگەيلا. ئى ئاللاھ! رامىزاندىن كېيىنمۇ بىزنى ياخشى ئەمەللەردە مۇستەھكەم قىلغايلا، بىزنى ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن قىلغايلا. ئى ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغايلا. قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىمىز ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن. جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ خۇتبىنى: ماجىد ئىبنى سۇلەيمان ئەر-راسسى، 1442-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 1-كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جۇبەيل شەھرىدە تەييارلىغان.

ۋاتسئاپ نۇمىرى: 00966505906761

بۇ خۇتبىلەر تۆۋەندىكى تور بەتلەردە تارقىتىلىدۇ: www.saaid.net/kutob ، https://t.me/jumah_sermons